## مەلىكزات ھەببۇل

1. مېنىڭ ئىسمىم مەلىكزات ھەببۇل، مەن 1984- يىلى 20- نويابىر تۇرپان شەھرىدە تۇغۇلغان. 2010- يىلى ئۆكتەبىردە، يولدىشىم قۇدۇس ئابدۇقادىر بىلەن بىللە مىسىرغا باردىم. ھەدەم باھارگۈل ھەببۇل بىلەن تۈركىيە- جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئىگىلىك تىكلەش پىلانىمىز بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بىز 2014- يىلى 11- ئاينىڭ 6- كۈنى تۈركىيەگە كۆچۈپ كەلدۇق. مەن ئەسلى تۈركىيە ۋىزىسى ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنغانتىم لېكىن رەت قىلىندى، ئەمما مىسىرغا ئىلتىماس قىلغىنىمدا ۋىزا بېرىلدى.

2. ئۇندىن كېيىن، ئاتا-ئانام ۋە ئاكام مەمەت ھەببۇل قاتارلىق ئائىلەمدىكىلەر بىزنى يوقلاپ كەلگەچكە، تۈركىيەدە ئائىلىچە جەم بولدۇق. ئۇلار بىر مەزگىل تۇرۇپ، جۇڭگوغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پاسپورتى ئايرودرومدا تارتىۋېلىنىپتۇ.

3. 2015- يىلى 2- ئايدا، ھەدەم باھارگۈل ئىككىمىز تۈركىيە بىلەن شىنجاڭنىڭ تۇرپان شەھرى ئوتتۇرىسىدا سودا قىلىشقا باشلىدۇق. شەرقىي تۈركىستانغا كىيىم-كېچەك ئېكسپورت قىلىپ توردا ساتتۇق. ھەدەم بۇ سودا ئۈچۈن جۇڭگودا بانكا ھېساباتى ئاچقان. 2016- يىلى، ئېنىقكى دائىرىلەر بىزنى بەك كۆپ پۇل تاپتى دەپ قاراپ، بۇ سودا ھېساباتىدىن تەخمىنەن 20 مىڭ دوللار مۇسادىرە قىلدى. ئەلۋەتتە، مۇسادىرە قىلىنغان بۇ پۇل توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلدۇق. مەن جۇڭگوغا قايتىپ بۇ پۇللارنىڭ بىزگە قايتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىشنى ئويلىدىم. ئاخىرىدا بىز بۇنداق قىلماسلىقنى قارار قىلدۇق. 2017-يىلى مايدا، دادام ماڭا تېلېفون قىلىشقا باشلاپ، مەندىن جۇڭگوغا قايتىپ كېتىشىمنى تەلەپ قىلدى. بولمىسا جازا بولىدىغانلىقىنى ۋە ئائىلەمدىكىلەر لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۆيگە قايتىشتىن قورقاتتىم، چۈنكى مەن قايتسام نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. يەنە كېلىپ، ئەگەر مەن قايتىپ كەتمىسەم، ئۇلارنىڭ بارلىق تۇغقانلىرىمنى تۈرمىگە تاشلايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتىم. مەن «ئائىلىمىزدە ئوقۇتقۇچى ۋە ساقچى بار تۇرسا، ئۇلار نېمىشقا قايتا تەربىيىلەش لاگېرىغا تاشلىنىدۇ؟» دەپ ئويلىدىم. شۇڭا، مەن پەقەت پاسپورتۇم بولمىغانلىقتىن قايتالمايمەن دېدىم. ئۇ ئەلچىخانىغا بېرىپ بىر خىل ساياھەت ۋىزىسى تەلەپ قىلالايدىغانلىقىمىزنى دېگەن بولسىمۇ بىز ئۇنداق قىلمىدۇق. دادام يەنە يولدىشىم بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنى ئاللىقاچان لاگېرغا قامالغان ئاكىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن قايتىپ كېتىش توغرىسىدا قايىل قىلماقچى بولدى. بىز يەنىلا رەت قىلدۇق.

4. 2017- يىلى 6- ئاينىڭ 9- كۈنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئائىلەمدىكىلەر بىلەن ئالاقىلاشتىم. ئەتىسى ئاپام بىلەن ئاچامنىڭ جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىگە ئىشىنىمەن. مەن ئۇلارنىڭ ئىز- دېرىكى ھەققىدە ئۇچۇر تېپىشقا تىرىشتىم، ئەمما ھېچكىم ماڭا ياردەم قىلالمىدى. مەن بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىمەن: ھەدەم دائىم تېلېفوندا ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇراتتى. ئۇ ھەمىشە ئۇچۇرلارغا دەرھال جاۋاب بېرەتتى. ئۇ ئەزەلدىن جاۋاب قايتۇرمايدىغان ئىشنى قىلمايتتى. بولۇپمۇ بىز بىللە سودا قىلىشنى باشلىغاندىن بېرى.

   a. چوڭ ئاكام مەمەت 2017- يىلى 30- ئاپرىلدىن باشلاپ تۇتۇپ كېتىلگەن. ئۇ 48 ياش. ئۇنىڭ ئىككى بالىسى بار. ئۇ ئىلگىرى سۇغۇرتا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇنى بىلىمەن، چۈنكى ھەدەم ئۇ ۋاقىتتا يەنىلا ماڭا جاۋاب قايتۇراتتى ۋە ماڭا ئېيتقانتى. چوڭ ئاكام ساقچىلار بىلەن كۆرۈشۈشكە چاقىرىلغانىكەن ۋە شۇ پېتى قايتىپ كەلمەپتۇ. مەن كېيىن ئۇنىڭ تۈركىيەگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى بىلدىم. ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما ئۇ قويۇپ بېرىلمىدى. مەن بۇ ئۇچۇرنى 2020- يىلى 9- ئايدا بىر خېرىدارىمدىن ئاڭلىدىم. ئۇ ئائىلەمدىكىلەرنى سۈرۈشتۈرگەن. ئۇ ماڭا ئۆز ئاچىسىنىڭ يىگىرمە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ۋە ئاچىسىنىڭ بالىسىغا قارايدىغان باشقا بىرى بولمىغاچقا ئۆزىنىڭ قارىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. شۇنداقلا، 2018- يىلى 9- ئايدا مەن تاغامنىڭ قىزى بىلەن ئۇندىداردا ئالاقىلىشالىدىم. ئۇ ماڭا ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئېيتتى.

   b. مەن ئىلگىرى ھەدەم باھارگۈلنى تىلغا ئالغانتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن سودا قىلاتتىم. ئۇ 1983- يىلى 4- ئاينىڭ 30-كۈنى تۇغۇلغان. بوغالتىرلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ 2017- يىلى 6- ئاينىڭ 10- كۈنى ئاپام بىلەن

بلله لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن. يولدىشى ئۇ تۇتۇلغاندىن كېيىن خىزمىتىدىن ئايرىلغان، ھەمدە بىر يېزىغا قۇرۇلۇش ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەشكە مەجبۇرى ئەۋەتىلگەن. مەن سوتسىيال مېدىيادا گۇۋاھلىق بېرىشكە باشلىغاندىن كېيىن ئاكامنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. مەن 2019- يىلى مايدا ھەدەمگە قارشى ئەدلىيە تەرتىپى بارلىقىنى ئاڭلىدىم، ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق خەۋىرىم يوقتى، تاكى مەن 2019- يىلى11- ئايدا ئۇنىڭ بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغانغا قەدەر. ئۇنىڭ تۈرمىگە تاشلىنىشىدىكى كونكرېت سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بۇ ئۇچۇرلار مېنىڭ جۇڭگودىكى بىر خېرىدارىمدىن كەلگەن.

c. ئانام مەريەم تۇرسۇن 1947- يىلى 1- ئاينىڭ 10- كۈنى تۇرپان شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئىلگىرى پوچتىخانىدا ئىشلەيتتى. ئۇ ھازىر 74 ياشتا. مېنىڭ بىلىشىمچە، 2017- يىلى 6- ئاينىڭ 10- كۈنى ئۇ قايتا تەربىيىلەش لاگېرىغا تۇتۇلۇپ، 2019- يىلى 1- ئايدا قويۇپ بېرىلگەن. ئۇ ئىلگىرى يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ۋە سالامەتلىكىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

d. دادام ھەببۇل ئابدۇل 1941- يىلى 1- ئاينىڭ 15- كۈنى تۇغۇلغان. ئۇ تۇرپاندا ئوتتۇز يىل ساقچى بولغان. بۇ بەلكىم مىسىر ۋە تۈركىيەگە قىلغان سەپىرى سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ 2017- يىلى 10-ئايدا لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن. ئەمما 2019- يىلى 1- ئايدا قويۇپ بېرىلگەن. 2020- يىلى 4- ئايدا ئۇ يەنە قولغا ئېلىنىپ لاگېرغا ئەۋەتىلگەن.

e. ھەدەم ئايگۈل ھەببۇل ئىككى بالىنىڭ ئانىسى. 2017- يىلى ئۆكتەبىردە لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن. شۇنداقلا 2019- يىلى 1- ئايدا قويۇپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ بۇرۇن مۇقىم خىزمىتى يەنى 25 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بار ئىدى. ئەمما ھازىر لاگېردا تۇتۇپ تۇرۇلۇپ، كېيىن قويۇپ بېرىلگەن كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت تېپىش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن. شۇڭا مەنچە ئۇ ھازىر ئىشسىز ھالەتتە.

f. مېنىڭ ئىككىنچى ئاكام ئالىم ھەببۇل (1975- يىلى 4- ئاينىڭ 9- كۈنى تۇغۇلغان) 1997- يىلدىن باشلاپ تۇرپاندا تۈرمە ساقچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئىككى بالىسى بار. شاڭخەيلىك دوستۇمنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇمۇ 2017- يىلى ئۆكتەبىردە لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن. ئاندىن 2019- يىلى نويابىردا ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇ 2020- يىلى ئۆكتەبىردە قويۇپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ چىققان-چىقمىغانلىقى توغرىسىدا مېنىڭ ھازىرچە ھېچقانداق خەۋىرىم يوق. ئەمما ئۇلارغا نېمە بولغانلىقىنى، قويۇپ بېرىلگەن بېرىلمىگەنلىكىنى، ھاياتتا ياكى ھاياتتا ئەمەسلىكىنى، ياكى سالامەت ياكى سالامەت ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن.

g. يەنە بىر ھەدەم مېھراي ھەببۇل (1977- يىلى 6- ئاينىڭ 3- كۈنى تۇرپاندا تۇغۇلغان) 43 ياش. ئۇ 2018- يىلى ئۆكتەبىردە لاگېردا قامالغانغا قەدەر يىگىرمە يىل دۆلەت ساقچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 2019- يىلى نويابىردا ئۇ قانۇنلۇق جەريان ياكى تەرتىپ بولمىغان ھالدا ئۈچ يىللىق تۈرمىگە تاشلانغان.

5. مەن بۇ ئۇچۇرلارنىڭ بىر قىسمىنى شاڭخەيدىكى خىتاي دوستلىرىمنىڭ بىرىسىدىن ئالدىم. مەن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ بېرىشىنى سورىغان ئىدىم. ئۇ دوستۇم ئاخىرى 2020- يىلى مايدا شەرقىي تۈركىستانغا ساياھەتكە باردى. ئۇ مۇنداق مەسىلىلەرگە يولۇقۇپتۇ: ئۇ ساقچىغا ئېلىپ كېتىلىپ، ئائىلەمدىكىلەرگە تېلفون ئۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىككى كۈن سوراقتا تارتىلىپتۇ ۋە ئۇنىڭ شاڭخەيگە قايتىپ كېتىشى ناھايىتى تەسكە توختاپتۇ. ئەگەر ئۇ شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان بولسا، بەلكىم تېخىمۇ كۆپ مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن بولاتتى.